# كىمكى ئاللاھ يولىدا جۈپ-جۈپى بىلەن نەرسە سەرپ قىلسا، ئۇ كىشى جەننەتنىڭ ئىشىكلىرىدىن: ئى ئاللاھنىڭ بەندىسى! بۇ ئىشىك ياخشىدۇر دەپ چاقىرىلىدۇ، ئەگەر بىر كىشى ناماز ئەھلى بولسا ناماز ئىشىكىدىن، جىھاد ئەھلى بولسا جىھاد ئىشىكىدىن چاقىرىلىدۇ

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بايان قىلغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى ئاللاھ يولىدا جۈپ-جۈپى بىلەن نەرسە سەرپ قىلسا، ئۇ كىشى جەننەتنىڭ ئىشىكلىرىدىن: ئى ئاللاھنىڭ بەندىسى! بۇ ئىشىك ياخشىدۇر دەپ چاقىرىلىدۇ، ئەگەر بىر كىشى ناماز ئەھلى بولسا ناماز ئىشىكىدىن، جىھاد ئەھلى بولسا جىھاد ئىشىكىدىن، روزا ئەھلى بولسا رەييان ئىشىكىدىن، سەدىقە ئەھلى بولسا سەدىقە ئىشىكىدىن چاقىرىلىدۇ» دېدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئاتا-ئانام ساڭا پىدا بولسۇن ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! بىرەر كىشىنىڭ ئاشۇ ئىشىكلەرنىڭ بىرەرىدىن چاقىرىلىشىنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى؟ بىر ئادەم ئاشۇ ئىشىكلەرنىڭ ھەممىسىدىن چاقىرىلامدۇ؟دېدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «ھە-ئە چاقىرىلىدۇ، مەن سېنىڭ ئاشۇ كىشلەرنىڭ قاتارىدىن بولۇپ قىلىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

كىمكى ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى تەلەپ قىلىپ ئۆزى ئىگە بولغان يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك، قاتناش ۋاستىلىرى(ئۇلاغ)ۋە نەخ پۇل قاتارلىق نەرسىلەردىن جۈپ-جۈپى بىلەن ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلسا، پەرىشتىلەر ئۇ كىشىنىڭ كەلگەنلىكىنى تەبرىكلەپ جەننەتنىڭ ئىشىكلىرىدىن ئۇ كىشىنى چاقىرىپ: ھاياتىڭدا كۆپ ياخشىلىق قىلدىڭ، بۇگۈن ئۇ ياخشىلىقىڭغا ئاساسەن كاتتا ساۋاپقا ئېرىشىسەن دەيدۇ. كۆپ ناماز ئوقۇغۇچىلار ناماز ئىشىكىدىن چاقىرىلىپ ئۇ ئىشىكتىن جەننەتكە كىرىدۇ، سەدىقىنى كۆپ قىلغۇچىلار سەدىقە ئىشىكىدىن چاقىرىلىپ، ئۇ ئىشىكتىن جەننەتكە كىرىدۇ، كۆپ روزا تۇتقۇچىلارنى پەرىشتىلەر ئۇلارنىڭ كىرىشى ئۈچۈن تەييارلانغان رەييان ئىشىكىنىڭ ئالدىدا كۈتىۋالىدۇ، رەييان دېگەن ئۇسسۇزلۇقتا قېنىش دېگەن بولۇپ، روزا تۇتقۇچىلار سۇ ئىچىشتىن چەكلەنگەنلىكتىن ئۇسساپ كېتىدۇ، بولۇپمۇ يازنىڭ ئىسسىغدىكى ئۇزۇن كۈنلەردە چاڭقايدۇ، ئۇلار دۇنيادا ئۇسسۇزلۇقتا سەۋىر قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۆزلىرى جەننەتكە كىرىدىغان رەييان ئاتلىق ئىشكتە ئۇسسۇزلۇقتا قانىدۇ. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ھەدىسنى ئاڭلىغان ۋاقتتا: ئاتا-ئانام ساڭا پىدا بولسۇن ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! مۇشۇ ئىشىكلەردىن جەننەتكە كىرگەن كىشىگە كەمچىلىك ۋە زىيان تارتىش بولمايدىغۇ؟!، بىر ئادەم ئاشۇ ئىشىكلەرنىڭ ھەممىسىدىن چاقىرلامدۇ؟دېدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «ھەئە چاقىرىلىدۇ، مەن سېنىڭ ئاشۇ كىشلەرنىڭ قاتارىدىن بولۇپ قىلىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن» دەپ ئۇنىڭغا ياخشى بىشارەت بەرگەن

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY

لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC
E-Da'wah Committee